# جۇڭگو كۈچى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو ئۈنۈمىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

تېز كېسەل پەيدا قىلىدىغان، كۈچلۈك يۇقۇملۇق نامەلۇم بىر خىل ۋىرۇسنىڭ ئىنسانلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىغانىدى. تارقىلىش سۈرئىتى ئىنتايىن تېز، يۇقۇش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش قىيىنلىق دەرىجىسى ئىنتايىن چوڭ بولغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، جۇڭگو خەلقى قەتئىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىنى باشلىدى. جاپالىق، مىسلىسىز تىرىشىش ئارقىلىق، ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ئېرىشتى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يېقىندا ئېچىلغان پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىلىرىنى مۇپەسسەل يەكۈنلەپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىدە نامايان قىلىنغان جۇڭگو كۈچى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو ئۈنۈمىگە يۈكسەك باھا بېرىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئەمەلىيىتى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىغان دۆلىتىمىزنىڭ تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئېچىپ بەردى. ئىنتايىن پايدىسىز شارائىتتا، بىز بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتا يۇقۇمنىڭ يامراش ۋەزىيىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە توسۇپ، ئىككى ئاي ئەتراپىدىكى ۋاقىتتا يەرلىكتە كۈنگە يېڭىدىن كۆپەيگەن ئاغرىق مىسالىنى بىر خانىلىق سان ئىچىدە تىزگىنلەپ، ئۈچ ئاي ئەتراپىدىكى ۋاقىتتا ۋۇخەننى قوغداش جېڭى، خۇبېينى قوغداش جېڭىدە ھەل قىلغۇچ نەتىجىلەرنى ۋە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلىرىنى قولغا كەلتۈردۇق، بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ بىزنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىغا زىچ تايىنىپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىش تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىدىن بىرتۇتاش پىلانلاپ پايدىلىنىپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئىلگىرىلىشىگە زىچ تايىنىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، خەلقئارا ئالاقە ـ ھەمكارلىقنى كۈچەيتكەنلىكىمىزدە. بىزگە ئوخشاش 1 مىليارد 400 مىليون نوپۇسى بار مۇشۇنداق چوڭ دۆلەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ نەتىجىلەر تەستە قولغا كەلگەن، بۇ تەجرىبىلەر ئىنتايىن قىممەتلىك. ئەمەلىيەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمى، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە ۋە روشەن ئەۋزەللىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ھەرقانداق جاپا ـ مۇشەققەت، خەتەرلىك توسالغۇلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن مۇھىم، زور تۆھپە قوشالايدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

بۇ، بىر قېتىملىق جۇڭگو كۈچىنىڭ مىسلىسىز مۇجەسسەملىنىشى. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، ئومۇمىي خەلق قاتنىشىپ، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇپ، ئەڭ زىچ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قەتئىي قولغا كەلتۈردۇق. «بىر شەھەرنى قامال قىلىش، بىر دۆلەت خەلقىنى قوغداش»تەك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۇلۇغ ئىشىدىن ۋۇخەندە ئومۇمىي جەھەتتىن ساقىيىش نىسبىتى 94%كە يېتىشتەك ھاياتلىق مۆجىزىسىگىچە، ماسكىنىڭ كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى نەچچە يۈز مىليون بولۇشتەك ماددىي ئەشيا كاپالىتىدىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى 650 مىڭ شەھەر، يېزا، مەھەللىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تولۇق قاپلىغان تەشكىللەپ سەپەرۋەر قىلىشقىچە، يەنە 4 مىليون 600 مىڭدىن ئارتۇق ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتى، 90 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىنىڭ تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، «پارتىيە بايرىقىنى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئېگىز جەۋلان قىلدۇرۇش»قىچە، ھەر تەرەپلىمە ئادەم كۈچى تەشكىللەش جېڭى، ماددىي ئەشياغا كاپالەتلىك قىلىش جېڭى، پەن ـ تېخنىكىدا جىددىي ھۇجۇمغا ئۆتۈش جېڭى، بايلىق ھەرىكەتچان جېڭى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ كۈچلۈك بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈردى. خۇددى دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇتەخەسسىسلىرى كۆرسەتكەندەك: جۇڭگو تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۈكسەك ئىرادىگە ئىگە، ئەڭ سەزگۈر ۋە ئەڭ قاتتىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، يۇقۇمنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى.

بۇ، بىر قېتىملىق جۇڭگو روھىنىڭ مەركەزلىك نامايەندىسى. جاپا ـ مۇشەققەت جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەددىنى ئېگىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇيۇشۇشچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۇرغۇتتى. پەقەت ۋۇخەندە «شەھەرنى قامال قىلىش»تىن كېيىنكى بىرىنچى ھەپتىدىلا، 123 مىڭ 800 ئادەم قېتىم مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن باتۇرلۇق بىلەن قارشى يۆنىلىشتە كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈمگە ئامال، ئاغرىققا سەۋەب قىلىدىغان داۋالاش خادىملىرى، يىغىلىپ ياردەمگە كەلگەن ئازادلىق ئارمىيە كوماندىر ـ جەڭچىلىرى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرىنى توشۇيدىغان شوپۇرلار، يېڭىدىن قۇرۇلغان دوختۇرخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشچىلىرى بار... تۇمان قاپلىغان جايدا يورۇقلۇق كۆزنى تېخىمۇ قاماشتۇردۇ. يۇقۇم رايونىغا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان سانسىزلىغان قارشى يۆنىلىشتە يۈرگۈچىلەر كىشىلەرگە نېمىنىڭ ئاق خالاتلىق جەڭچى، بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىش ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ شەخسىيەتسىز ئۆزىنى بېغىشلاش، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ھەرقانداق بىر قېتىملىق غايەت زور تارىخىي ئاپەتنىڭ ئورنى تارىخنىڭ ئىلگىرىلىشى بىلەن تولۇقلىنىدۇ، ھەرقانداق بىر قېتىملىق ئاپەت جەريانىدىكى ئىلگىرىلەش ئۇلۇغ مىللىي روھنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايانغان.

بۇ، بىر قېتىملىق جۇڭگو ئۈنۈمىنىڭ جانلىق نامايەندىسى. پەقەت ئۈچ ھەپتە ۋاقىتتىلا ۋۇخەندە 16 فاڭساڭ دوختۇرخانىسى قۇرۇلۇپ، ئاغرىقلارنىڭ قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق قوبۇل قىلىش، داۋالاشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق داۋالاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى؛ چاغاننىڭ ئالدىنقى كۈنى كېچىسىدىن باشلاپ جىددىي چاقىرىق قىلىنىپ، 42 مىڭ تېببىي خادىم خۇبېيغا ئاتلىنىپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيانقى كۆلىمى ئەڭ زور بىر قېتىملىق داۋالاش كۈچىنى يۆتكەشنى شەكىللەندۈردى؛ رېكورت يارىتىش سۈرئىتىدە ۋىرۇس ئايرىش، گېن تەرتىپىنى ئۆلچەش تاماملىنىپ، كۆپ خىل نۇسخىدىكى داۋالاش لايىھەسى ئۇدا ئېلان قىلىندى، نۇرغۇن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇس ۋاكسىنىسى تېز سۈرئەتتە كلىنىكىلىق سىناققا كىردى... بۇلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ تاسادىپىي ئاپەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى جۇڭگو ئۈنۈمىنى تولۇق نامايان قىلدى، پۈتۈن يەر شارىنىڭ قول تۇتۇشۇپ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا قۇدرەتلىك ئىشەنچ بېغىشلىدى. خەلقئارادىكى زاتلار «جۇڭگو تەرەپنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتىنىڭ تېزلىكى، كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدۇ» دەپ كۆرسىتىپ، «جۇڭگو ناھايىتى تېزلا ھازىرقى دۇنيادىكى ئەڭ بىخەتەر جايلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى» دەپ ماختىدى. بىلىملىك زاتلار مۇنداق باھا بەردى: «كەلگۈسىدە، تارىخشۇناسلار جۇڭگونىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىنى دۇنيا مىقياسىدا يېڭى كېسەلنىڭ پارتلىشىنى توسىدىغان ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشىنى توسىدىغان بۇرۇلۇش نۇقتىسى دەپ قارىشى مۇمكىن».

جۇڭخۇا مىللىتى ئەزەلدىنلا ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە جاسارەتلىك بولغان. جۇشقۇن جۇڭگو كۈچى، جۇڭگو روھى، جۇڭگو ئۈنۈمىنى ئۇرغۇتۇشتا، جۇڭگو نامىلىق غايەت زور پاراخوت جەزمەن بوران ـ چاپقۇنلاردا زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ، توسالغۇسىز ئىلگىرىلەپ، تېخىمۇ پارلاق كەلگۈسىنى يارىتالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، كۈچەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ، تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە يۇقىرى سۈپەتلىك غەلىبە قىلىش كېرەك.

ئىككى كۈندە، شۆھرەت زاكىر يەكەن ناھىيەسىدە ئىلىشقۇ يەكەن دەرياسى چوڭ كۆۋرۈكى تۈرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى نەق مەيداندا ئىگىلىدى، يول ئۈستىدە يەكەن ناھىيەسىنىڭ نۇقتىلىق تۈرلەرنى ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالىنى ئاڭلىدى، شىنجاڭ ياڭاق(قاغىلىق) توپ سېتىش سودا بازىرى، تېرىقچىلىق ـ باقمىچىلىق بازىلىرى، زاۋۇت ـ كارخانىلار، كەسىپ يېتىلدۈرۈش مەركىزى، نامرات ئائىلىلەرگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، شۇ جاينىڭ كەسىپ تەرەققىياتى، يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىگە مەخسۇس تېمىدا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مەزگىلىدە، شۆھرەت زاكىر نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش دوكلاتى يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل يۇقۇمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىيىتى تېخىمۇ مۇشكۈللەشتى، ئېغىرلاشتى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئېغىر نامراتلىقنى تۈگىتىش جېڭىنى ياخشى قىلىش كېرەك. ھەرقايسى جايلار ئۇدا جەڭ قىلىشتەك ئېسىل ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇپ، كۈچەپ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ، جەزمەن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ، «يۇقۇم»غا قارشى تۇرۇش جېڭى، «نامراتلىق»قا قارشى جەڭنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، سىياسەت پۇرسىتى، مۇقىملىق پايدىسىنى ھەقىقىي چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچىنى تولۇق قوزغىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملىشى كېرەك. جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتىكى مۇھىم نۇقتىلارنى ئىگىلەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلىپى بويىچە، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، خىزمەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بەش دەرىجىلىك شۇجىلار بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چۈشۈپ قالغانلارنى تەكشۈرۈپ، كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاپ، دەسلەپكى مەزگىللىك جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىشتا بايقالغان مەسىلىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، نېمە كەم بولسا شۇنى تولۇقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ۋاقىت تەلىپى بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تەلتۆكۈس ھەل قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قاراڭغۇ رايون قالدۇرماسلىق، ئۆلۈك بۇلۇڭ قالدۇرماسلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، «بىر كەنتكە بىر لايىھە بولۇش» «بىر ئائىلىگە بىر تەدبىر بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈشى جايىدا بولماسلىق، دەل جايىدا بولماسلىق مەسىلىسىگە قارىتا، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش لايىھەسىنى داۋاملىق ھەرىكەت ھالىتىدە ئەلالاشتۇرۇپ، كونكرېت ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرىنىڭ نىشانلىق بولۇشىغا، ھەربىر ئائىلىگىچە دەل جايىدا بولۇشىغا، ئادەمگىچە ئىنچىكە بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. نۇقتىلىق تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلمىغان ئائىلىلەر ۋە نامراتلىق گىرۋىكىدىكى ئائىلىلەرنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىپ، ئۆلچەپ، ۋاقتىدا ياردەم بېرىپ ـ يۆلەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ كۆرۈلمەسلىكى ۋە يېڭىدىن نامراتلىقنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش بويىچە كۆزىتىش ـ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش ۋە ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، مۇناسىۋەتلىك دەسلەپكى لايىھە، لايىھەلەرنى تۈزۈپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش سۈرئىتى ۋە سۈپىتىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلامنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇۋاتقان شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىق مەسىلىلىرىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، كۆپ تەرەپ ئاساسىي قاتلامغا قايتا ـ قايتا ۋەزىپە بەلگىلەش، جەدۋەل تەلەپ قىلىش ۋە سىياسەت ئىجرا قىلىشتا «ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەش» قاتارلىق ئۇسۇللارنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئاساسىي قاتلامدا زېھنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، 100 مىليونلىغان خەلقنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە قوزغاپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە كۈچەيتىپ، دۇنيادا ئاز كۆرۈلىدىغان ئىقتىساد تېز تەرەققىي قىلىش مۆجىزىسىنى ياراتتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنى كۆرۈش كېرەككى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىرىپ، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەردى، ئىقتىساد يۇقىرى سۈرئەتتە ئېشىش باسقۇچىدىن يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىش باسقۇچىغا يۈزلەندى، بۇ يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى تەلەپلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ بازار سىستېمىسى تېخى مۇكەممەل ئەمەس، بازارنىڭ يېتىلىشى تېخى يېتەرلىك ئەمەس، ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتى تولۇق راۋانلاشمىدى، يەنە بازارنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى يېتەرلىك بولماسلىق، مۇھىم ئامىللارنىڭ يۆتكىلىشى راۋان بولماسلىق، بايلىق تەقسىملەش ئۈنۈمى يۇقىرى بولماسلىق، مىكرو ئىقتىسادنىڭ ھاياتىي كۈچى كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا يەنىلا خېلى كۆپ تۈزۈلمە، مېخانىزم توسالغۇسى مەۋجۇت، جەزمەن ئىدىيەدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا ئىقتىساد تۈزۈلمىسىدىكى ئاچقۇچ خاراكتېرلىك، ئۇل خاراكتېرلىك مۇھىم، زور ئىسلاھاتتا بۆسۈش ھاسىل قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسىدىن، تېخىمۇ يۇقىرى قاتلامدىن، تېخىمۇ يۇقىرى نىشاندىن ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىدىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئالغا سىلجىتىپ، سىستېمىسى تېخىمۇ مۇكەممەل، تېخىمۇ پىششىپ يېتىلىپ تۇراقلاشقان يۇقىرى سەۋىيەلىك سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ھازىر پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«پىكىر»نىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي نەزەرىيەسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي تەدبىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ ۋە «تۆت ئومۇميۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بازار سىستېمىسىنى قۇرۇپ، مۈلۈك ھوقۇقى ئارقىلىق ئۈنۈملۈك رىغبەتلەندۈرۈش، مۇھىم ئامىللارنىڭ ئەركىن يۆتكىلىشى، باھا ئىنكاسىنىڭ جانلىق بولۇشى، رىقابەتنىڭ ئادىل، تەرتىپلىك بولۇشى، كارخانىلارنىڭ ياخشىلىرىنىڭ تاللىنىشى، ناچارلىرىنىڭ شاللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈزۈم جەھەتتىكى تەمىناتنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە، ئۈستقۇرۇلمىنى ئىقتىسادىي بازىسقا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش.

«پىكىر»دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي پرىنسىپ: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىقتىساد ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئاساسىي ئىقتىسادىي تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش بىلەن بازارلاشتۇرۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش.

«پىكىر» جەمئىي سەككىز جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يەنى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىپ، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مىكرو سۇبيېكتلارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى كۈچەيتىش؛ بازار ئىگىلىكىنىڭ ئۇل خاراكتېرلىك تۈزۈمىنى پۇختىلاپ، بازار ئادىل رىقابىتىگە كاپالەتلىك قىلىش؛ تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان مۇھىم ئامىللارنى بازارلاشتۇرۇپ تەقسىملەش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ئىجادچانلىقى ۋە بازار ھاياتىي كۈچىنى يەنىمۇ ئۇرغۇتۇش؛ ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت شەكلىدە يېڭىلىق يارىتىپ، ماكرو ئىگىلىك ئىدارە قىلىش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش؛ خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنىڭ ئادىل، ھەققانىيلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئېچىۋېتىش تىپىدىكى ئىقتىساد يېڭى تۈزۈلمىسى بەرپا قىلىپ، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش؛ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى قانۇن ـ تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قانۇنچىللىق كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش؛ پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.